# شى جىنپىڭ مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك شەھەر(ناھىيە)لەرگە نام بېرىش ھەم ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەرنى تەقدىرلەش يىغىنى ۋەكىللىرى بىلەن كۆرۈشتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

رايونلار، ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار ئارمىيە قۇرۇلۇشى ئىسلاھاتىغا كاپالەتلىك قىلىشنى پائال قوللاپ ۋە ئۇنىڭغا مۇلازىمەت قىلىپ، نەپىقە بېرىش، ئورۇنلاشتۇرۇش كاپالىتىنى يەنىمۇ زورايتتى، ئارمىيە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ياردەم بېرىشتە پائال نەتىجە يارىتىپ، ئېغىر، زور تەبىئىي ئاپەتلەردە خەتەردىن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ۋە تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇشتا ئاۋانگارتلاردىن بولدى، بۇ يىل يۇقۇم ئالدىدا، خەلق پەرزەنت ئەسكەرلىرى بۇيرۇقنى ئاڭلىغان ھامان ھەرىكەتكە كېلىپ، قاتتىق جەڭ قىلىشقا جۈرئەت قىلدى، كەڭ ئارمىيە بىلەن خەلق قول تۇتۇشۇپ بىر نەيەتتە بولۇپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقنى ئورتاق يېڭىپ، يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش كۆرۈشىدە مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئارمىيە ـ ھۆكۈمەت، ھەربىي ـ خەلق ئىتتىپاقلىقىنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى نامايان قىلدى.

لى كېچياڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە ئارمىيە قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ، قاتناش ـ ترانسپورت، ئارقا سەپ تەمىناتى قاتارلىق كاپالەت خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپ، چېگرا، دېڭىز ئاراللىرىدا تۇرۇشلۇق قىسمدىكى ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنىڭ ۋەزىپە ئىجرا قىلىش ۋە خىزمەت، تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلىشىغا ياردەم بېرىشى كېرەك. ئىلگىرىكىدەكلا ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ غەم ـ ئەندىشىلىرىنى تۈگىتىپ، كەڭ ئوفىتسېر ـ ئەسكەرلەرنى كېيىنكى ئىشلىرىدىن ئەنسىرىمەيدىغان، ئائىلىسى ئۈچۈن دىققىتىنى چاچمايدىغان، ئەۋلادلىرىدىن غەم ـ ئەندىشە قىلمايدىغان قىلىشى كېرەك. بۇ يىل ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى مۇقىملاشتۇرۇشنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى تېخىمۇ گەۋدىلەندى، ئارمىيەدىن چېكىنگەن ھەربىيلەرنى تېخىمۇ دەل جايىدا، ۋاقتىدا ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەش مۇلازىمىتى ۋە كەسپىي ماھارەت بويىچە تەربىيەلەش بىلەن تەمىنلەپ، ئۇلارنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىدىغان جايى بولۇش، ئىگىلىك تىكلىشىگە يار ـ يۆلەك بولۇش، ئىشسىز قالسا ياردەم بېرىشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. يوللارنى كېڭەيتىپ، شەرتكە ئۇيغۇن كېلىدىغان قوشۇن بىلەن بىللە تۇرىدىغان ئائىلە تەۋەلىرىنىڭ ھەممىسىنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەربىيلەر پەرزەنتلىرىنىڭ يېقىن ئەتراپتا مەكتەپكە كىرىش، مەكتەپ ئالمىشىش، ئوتتۇرا مەكتەپ، ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىغا قاتنىشىشىغا ئېتىبار بېرىش قاتارلىق سىياسەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەربىيلەر ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى خاتىرجەم قىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئارمىيەنىڭ ئەۋزەللىكىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت قۇرۇلۇشىغا پائال قاتنىشىشنى قوللىشى كېرەك. نەپىقە بېرىش ـ ئورۇنلاشتۇرۇش قاتارلىق مالىيە چىقىمىغا كاپالەتلىك قىلىپ، ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئۆلگىلىرىنى بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى داۋاملىق ياخشى تۇتۇپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش مۇلازىمەت سىستېمىسىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، تىرىشىپ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشى كېرەك.

يىغىندا مەملىكەت بويىچە ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى 411 ئۆلگىلىك شەھەر(ناھىيە)گە نام بېرىش، مەملىكەت بويىچە ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك ئورۇن ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈشتىكى ئۆلگىلىك ئورۇنلارنى تەقدىرلەش، مەملىكەت بويىچە ۋەتەننى سۆيۈش، ئارمىيەنى ھىمايە قىلىش نەمۇنىچىلىرى ۋە ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش، خەلقنى سۆيۈش نەمۇنىچىلىرىنى تەقدىرلەش توغرىسىدىكى قارار ئوقۇپ ئۆتۈلدى. يىغىندا نام بېرىلگەن، تەقدىرلەنگەن مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك شەھەر(ناھىيە)لەرگە، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرىگە مۇكاپات تارقىتىپ بېرىلدى. ئارمىيە، يەرلىكنىڭ ئالاقىدار ۋەكىللىرى سۆز قىلدى.

دىڭ شۆشياڭ كۆرۈشۈشكە قاتناشتى، سۇن چۇنلەن كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى، جاڭ يوۋشيا، چېن شى، خۇاڭ كۈنمىڭ، شېن يۆيۆ، شياۋ جيې، ما بياۋ كۆرۈشۈشكە ھەم يىغىنغا قاتناشتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ ئەزاسى مياۋ خۇا كۆرۈشۈشكە قاتناشتى ھەم يىغىندا تەقدىرلەش قارارىنى ئوقۇدى.

يىغىن تېلېۋىزىيە ـ تېلېفون يىغىنى شەكلىدە ئېچىلدى، بېيجىڭدا ئاساسىي يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىدە شۆبە يىغىن مەيدانى تەسىس قىلىندى. مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك شەھەر(ناھىيە)لەر، ئىككىنى ھىمايە قىلىشتىكى ئۆلگىلىك ئورۇن ۋە نەمۇنىچى شەخسلەر ۋەكىللىرى، مەملىكەتلىك ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ ئەزالىرى، ئارمىيە، يەرلىكنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، ھەرقايسى ئۆلكە، ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەرلەر ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش ـ قۇرۇلۇش بىڭتۈەنىنىڭ ئىككىنى ھىمايە قىلىش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ھەم ئىككىنى ھىمايە قىلىش ئىشخانىسىدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار قاتارلىقلار ئاساسىي يىغىن مەيدانىدا يىغىنغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مۇخبىر پائالىيەت نەق مەيدانىدا قەشقەرنىڭ ئالاھىدە بېزەلگەن كۆرگەزمە ئورنىدىن 12سى، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئىككى ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ ئۆلچەملىك كۆرگەزمە ئورنىدىن 54ى تەسىس قىلىنغانلىقىنى، داڭلىق، ئەلا، خاس ھۆل، قۇرۇق مېۋىلەر ھەم پىششىقلانغان مەھسۇلاتلار، سۈت مەھسۇلاتلىرى، گۆش مەھسۇلاتلىرى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 200 خىلدىن ئارتۇق خاس يېزا ئىگىلىك قوشۇمچە مەھسۇلاتلىرىنىڭ كۆرگەزمە قىلىنغانلىقىنى كۆردى.

مارالبېشى ناھىيەسىدىكى شىنجاڭ دامولۇيجوۋ يېزا ئىگىلىك تەرەققىيات چەكلىك شىركىتىنىڭ كەسپ دىرېكتورى پەن جياڭۋېي مۇنداق دېدى: «بىز لوپنۇر كەندىرى چېيى، مارالبېشى موگۇسى، مارالبېشى كاۋپى قاتارلىق خاس مەھسۇلاتلارنى ئېلىپ كەلدۇق، بۇ سۇپا ئارقىلىق مارالبېشىنىڭ مەھسۇلاتلىرىنى پۈتۈن مەملىكەتكە يۈزلەندۇرۇپ، تېخىمۇ كۆپ دېھقانلارنى بۇنىڭدىن نەپكە ئېرىشتۈرۈشنى ئۈمىد قىلىمىز».

شەنشى مېۋىچىلىك سودا گۇرۇھى چەكلىك شىركىتى بۇ قېتىمقى كۆرگەزمىدە قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ 4500 توننا ئالمىسى، 1500 توننا ياڭاق ۋە چىلىنىنى سېتىۋالدى. بۇ شىركەتنىڭ ئېلېكترونلۇق سودا مەسئۇلى جيا بوفېڭ مۇنداق دېدى: «بىز ئۇدا بەش يىل قەشقەردە يېزا ئىگىلىك خاس مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋالدۇق، كېيىنكى مەزگىلدە ئېلېكترونلۇق سودا بىۋاستە كۆرستىش شەكلى ئارقىلىق سېتىپ چىقىرىمىز».

بۇ قېتىمقى پائالىيەتنى سودا ئىشلىرى مىنىستىرلىقى ئوبوروت كەسپى تەرەققىيات مەھكىمىسى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق سودا ئىشلىرى نازارىتى بىرلىكتە ئۆتكۈزگەن، جۇڭگو كۆكتات ئوبوروت جەمئىيىتى، قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە بىرلىكتە ئۈستىگە ئالغان.

---

## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

### ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە نەق مەيدان ئالغا سىلجىتىش يىغىنى ئېچىلدى

# يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىيات ئاساسىنى پۇختىلاش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **لىيۇ يى** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى ۋە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈش بويىچە نەق مەيدان ئالغا سىلجىتىش يىغىنى مارالبېشىدا ئېچىلدى. يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ئىزچىللاشتۇرۇلۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق 9 ـ نۆۋەتلىك پارتىيە كومىتېتى 10 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرى بويىچە، ھازىر ئاپتونوم رايونىمىز يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى (يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش)، يەرنىڭ مۇۋاپىق كۆلەملىك تىجارىتى ۋە يېزا ئىگىلىكنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى ئالغا سىلجىتىشتا دۇچ كەلگەن يېڭى ۋەزىيەت تەھلىل قىلىنىپ، ھەرقايسى جايلارنىڭ تەجرىبە، ئۇسۇللىرى يەكۈنلىنىپ، ھازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك خىزمەتلەر قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايوننىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەركىن تۇنىياز يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى قاتارلىق خىزمەتلەر پۇختا ئالغا سىلجىتىلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە مۇھىم تىرەكلىك رولى جارى قىلدۇرۇلدى. قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئۈزلۈكسىز ئالغا سىلجىتىپ، يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: يۇقىرى ئۆلچەملىك ئېتىز قۇرۇلۇشى (يۇقىرى ئۈنۈملۈك سۇ تېجەش)نى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇپ، قۇرۇلۇش سۈرئىتىنى تېزلىتىش كېرەك. يەر ئوبوروتى ۋە كۆلەملىك تىجارەت مۇلازىمەت سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئۇششاق دېھقان ئائىلىلىرىنى زامانىۋى يېزا ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىغا سىڭدۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېزا ئىگىلىكىنى زامانىۋىلاشتۇرۇش تەرەققىيات سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈش كېرەك. يېزا ئىگىلىكىنى ماشىنىلاشتۇرۇشنىڭ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، تىرىشىپ يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنىڭ پۈتۈن جەريانىنى ئومۇميۈزلۈك ماشىنىلاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئىدىيەۋى تونۇشنى ھەقىقىي ئۆستۈرۈپ، خىزمەت مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىپ، خىزمەتلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇپ، يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تېخىمۇ زور تۆھپە قوشۇش كېرەك.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

قومۇل شەھىرىنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتى ئىقتىدارى ۋە سەۋىيەسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ رازى بولۇش دەرىجىسى ۋە ئېرىشىش تۇيغۇسىنى ئاشۇرىمىز.

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پارتىيە مەكتىپى (مەمۇرىيەت شۆيۈەنى)نىڭ مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى (شۆيۈەننىڭ مۇئاۋىن باشلىقى) دۇەن لياڭ باينغولىن موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستىدا لېكسىيە دوكلاتى بەردى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كورلا شەھىرىنىڭ يىڭشەھەر كوچىسى نەنخۇ مەھەللىسىدە، دۇەن لياڭ ئاساسىي قاتلامدىكى كادىرلار، ئامما بىلەن يۈزتۇرا سۆھبەتلىشىپ پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئۇلارغا چۈشەنچە بېرىپ گۇمانىنى تۈگەتتى.

«ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ لېكسىيەسىنى ئاڭلاپ ناھايىتى روھلاندىم». يىڭشەھەر كوچىسى پارتىيە خىزمىتى كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دۇ جۈەن مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلامدىكى بىر پارتىيەلىك كادىر بولۇش سۈپىتىم بىلەن، باشلامچىلىق بىلەن كۆپرەك ئۆگىنىپ، چوڭقۇر قاتلامدىن ئۆگىنىپ، ئۆگەنگەننى ئىشلىتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، خىزمەتنىڭ كىرىش نۇقتىسىنى توغرا تېپىپ، ئامما ئۈچۈن ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىش، ياخشى ئىش قىلىپ بېرىشنى تېخىمۇ ياخشى قىلىپ، خەلققە نەپ يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك سىياسەتلەرنى پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۆڭۈل بۆلگەنلىكى، غەمخورلۇق قىلغانلىقىنى تەۋەلىك رايوندىكى ھەممە ئائىلىگە يەتكۈزىمەن».

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ سىفەن داشۆسى پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى، ماركسىزم شۆيۈەنىنىڭ باشلىقى سۇن شيۇلىڭ توقسۇ ناھىيەسىدە سىن يىغىنى شەكلىدە مەخسۇس تېمىلىق لېكسىيە دوكلاتى بېرىپ، پارتىيەلىك كادىرلارنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە يېتەكچىلىك قىلدى.

توقسۇ ناھىيەسى تەشۋىقات مەركىزىدىكى تەشۋىقاتچى گۈلشەن راخمان مۇنداق دېدى: «ئاساسىي قاتلامدىكى بىر نەزەرىيە تەشۋىقاتچىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، يېقىملىق تىل ۋە ئەتراپىمدىكى ئەمەلىي مىساللار ئارقىلىق، ئاممىغا يېقىنقى يىللاردىن بۇيان يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەرنى سۆزلەپ، شىنجاڭ ھېكايىسىنى ياخشى سۆزلەپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى دەل جايىدا تەشۋىق قىلىپ، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش، پارتىيەنىڭ گېپىنى ئاڭلاش، پارتىيەگە ئەگىشىش مېڭىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى يەنىمۇ چىڭىتىمەن».

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، ئاپتونوم رايونلۇق سۇچىلىق نازارىتى پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ئىلھام ئوسمان جىڭ ناھىيەسىدە لېكسىيە سۆزلىدى. نەزەرىيە + سۈرەت + سىن شەكلى ئارقىلىق، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى چوڭقۇر مەزمۇنلۇق ۋە چۈشىنىشلىك چۈشەندۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ مول ماھىيەتلىك مەزمۇنىنى سىستېمىلىق شەرھلىدى.

«بۇ قېتىمقى لېكسىيە ناھايىتى ۋاقتىدا بولدى ۋە ئىنتايىن زۆرۈر ئىدى، بۇ بىزنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا يىغىن روھىنى ئۆزلەشتۈرۈپ، تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىزدە ناھايىتى ياخشى يېتەكچىلىك ۋە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى.» جىڭ ناھىيەسىنىڭ ماندان يېزىسى باشى جاڭزا كەنتى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى جاڭ شىنلەي لېكسىيەنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: «مەن پارتىيە ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق، نەمۇنىلىك رولىنى داۋاملىق ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، پارتىيەنىڭ ساداسىنى ۋاقتىدا ئەتراپىمدىكى ھەر مىللەت ئاممىغا يەتكۈزۈپ، كۆپچىلىكنى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى ئاڭلىق قوغداپ ۋە كۈچەيتىپ، ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەتتە كۈرەش قىلىشقا يېتەكلەيمەن».

10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق لېكسىيە ئۆمىكىنىڭ ئەزاسى، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى دىڭ شۇۋچىڭ ئاقتۇ ناھىيەسىدە سىن يىغىنى ئارقىلىق، پارتىيەلىك كادىرلارغا لېكسىيە سۆزلىدى. تەپسىلىي ۋە ئېنىق ماتېرىياللار، ھەققىي تەسىرات، جانلىق چۈشەندۈرۈشلەر كەڭ كادىرلارنى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى توغرىسىدا تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇشقا ۋە چۈشەنچىگە ئىگە قىلدى.

«لېكسىيە دوكلاتى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ھەر تەرەپلىمە، كۆپ نۇقتىدىن دەل جايىدا چۈشەندۈرۈپ، بىزنى مول نەپكە ئېرىشتۈردى». ئاقتۇ ناھىيەلىك شياۋبەيياڭ باشلانغۇچ مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى لياڭ خېيياڭ مۇنداق دېدى: «مەن ئۆگىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، روھىي ماھىيىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈپ، يادرولۇق مۇھىم مەزمۇننى ئىگىلەپ، يىغىننىڭ روھىنى كاللىغا، قەلبكە سىڭدۈرۈش، دەرسخانىغا كىرگۈزۈشنى ئىشقا ئاشۇرىمەن».

**(مۇخبىر جاڭ يەنفاڭ، قاتناشقان مۇخبىرلار شيا چىڭ، قومۇل مۇخبىرلار پونكىتىدىن ئەن يەن، كوۋ جۈنفېڭ، باينغولىن مۇخبىرلار پونكىتىدىن ياڭ شياۋدۇڭ، بورتالا مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ شياۋمىن، ئىختىيارىي مۇخبىرلار پەن تىڭ، جيا يۈەنخۇڭ)**

---

# شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى · توقسۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرىدا تىجارەت باشلاندى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن**، پىراكتىكانت **جاڭ بىنبىن** خەۋەر قىلىدۇ: 10 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى، شىنجاڭنىڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش ـ سېتىشتىكى «ئىككى تور»دا يېڭىدىن كۆپەيگەن نۇقتىلىق قۇرۇلۇش تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزى · توقسۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى تۈردە تىجارەت باشلاندى.

بۇ تۈر توقسۇ ناھىيە بازىرىغا جايلاشقان بولۇپ، ئىگىلىگەن يەر كۆلىمى 330 مو، ئومۇمىي سېلىنمىسى 210 مىليون يۈەن، يېڭىدىن قۇرۇلغان تىجارەت مۇلازىمەت ئەسلىھەسى 79 مىڭ كۋادرات مېتىر. بازار «تور ئېلېكترونلۇق سودا سۇپىسى + تور سىرتى ئىشلەپچىقارغان ئورۇن توپ سېتىش سودا بازىرى» بىر گەۋدىلەشكەن ئەندىزە بويىچە، توردا ۋە تور سىرتىدا سودا قىلىش، سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، ئامباردا يېڭى پېتى ساقلاش، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، ئۈچۈر، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق مۇلازىمەتلەرنى قانات يايدۇرىدۇ.

ئەمەر مەمەت شۇ جايدىكى نۇرتاجى مېۋە مەھسۇلاتلىرى دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپىنىڭ مەسئۇلى، شۇنداقلا ياڭاق سېتىۋېلىش ـ سېتىش چوڭ ئائىلىسى بولۇپ، بۇ يىل كىرگەندىن بۇيان 6000 توننا ياڭاقنى مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىغا ساتتى. ئۇ مۇنداق دېدى: «يېڭى بازارنىڭ كۆلىمى چوڭ، مۇھىتىمۇ ياخشى. ھازىر بىزنىڭ ياڭاق سېتىش ـ سېتىۋېلىشىمىز تېخىمۇ قولايلاشتى، باھا جەھەتتە تېخىمۇ ئەۋزەللىككە ئىگە».

ئاپتونوم رايونلۇق تەمىنات ـ سودا ھەمكارلىق كوپىراتىپى بىرلەشمە كوپىراتىپى پارتىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى جاڭ مىن مۇنداق دېدى: توقسۇ يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى توپ سېتىش بازىرى شىنجاڭ (ئاقسۇ) يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى سودا مەركىزىدىن ئىبارەت مۇھىم تىرەك نۇقتىغا تايىنىپ، مەۋقەنى شۇ جاينىڭ خاس يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى بايلىق ئەۋزەللىكىگە قويۇپ، شىنجاڭ ياڭاق (ئاقسۇ) توپ سېتىش سودا بازىرى بىلەن بىرلىشىپ ھەرىكەتلىنىش شەكلىنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ. بۇ بازارنىڭ يىلدا يېڭىدىن كۆپەيگەن يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى سېتىۋېلىش، پىششىقلاش، يېڭى پېتى ساقلاش، ئامباردا ساقلاش كۆلىمىنىڭ 100 مىڭ توننىغا يېتىپ، زاكازلىق بازا كۆلىمىنىڭ 200 مىڭ موغا يېتىشىگە تەسىر كۆرسىتىپ تۈرتكە بولۇپ، دېھقانلار كەسپىي ھەمكارلىق كوپىراتىپى ۋە كەنت قۇرغان 100 زاۋۇتقا مۇلازىمەت قىلىپ، تۈرتكە بولىدىغانلىقى مۆلچەرلەنمەكتە. بۇ، توقسۇ ناھىيەسىنىڭ يېزا ئىگىلىكىدە تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، بايلىق ئەۋزەللىكىنى ئىقتىسادىي ئەۋزەللىككە ئايلاندۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىشنى ئۇدۇللاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېھقانلارنىڭ كىرىمىنى ئاشۇرۇش ۋە بېيىشىغا تۈرتكە بولۇشتا ئاكتىپ رول ئوينايدۇ.

2018 ـ يىلىدىن بۇيان، شىنجاڭ مېۋىچىلىك گۇرۇھى باشلامچى يېتىشتۈرۈش، سۈپەتلىك ماركا يارىتىش، ئەۋزەللىكنى جارى قىلدۇرۇش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى چۆرىدەپ، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش تورى ۋە شىنجاڭ سىرتىدا سېتىش تورىدىن ئىبارەت «ئىككى تور» قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتتى. بۈگۈنكى كۈندە، شىنجاڭ ئىچىدە سېتىۋېلىش تورى خوتەن، پەيزاۋات، قاغىلىق، ئاقسۇ، ئونسۇ، پىچاندا ئامباردا ساقلاش، پىششىقلاش، سودا، يىغىش ـ تەقسىملەش مەركىزىدىن 11ى قۇرۇلۇپ، ياڭاق، چىلان، ئۆرۈك قاتارلىق باغ ـ ئورمان ئاساسلىق ئىشلەپچىقىرىش رايونلىرىنى قاپلىدى، سېتىۋالغان ـ ساتقان، سودا قىلغان يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرى جەمئىي 5 مىليون توننىغا يېتىپ، بازا، پىششىقلاش، سودا، سوغۇق زەنجىرسىمان ئامباردا ساقلاش، ئەشيا ئوبوروتى تەقسىملەپ يەتكۈزۈش، توشۇشتىن تېرمىنال سېتىشقىچە بولغان پۈتۈن كەسپ زەنجىرى تەرەققىيات سۈپىسىنى بەرپا قىلدى. شىنجاڭ سىرتىدىكى سېتىش تورى 3348 تور نۇقتىسى قۇردى، تىرىك، يېڭى مەھسۇلاتلار دۇكىنى، مەخسۇس پوكىيى ۋە تىجارەت تور نۇقتىلىرى پۈتۈن مەملىكەتتىكى مەركىزىي شەھەرلەرگە تارقالدى.